شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
3
يەكشەنبە
维吾尔文 11 月3日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24868 - سان بۈگۈن 4 بەت

# ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىغا تۈرتكە بولايلى

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى تەرتىپچان قىلىشتا، تۈزۈمنى توغرىلاش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەردە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن، تېخىمۇ تۇراقلاشقان بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم نىشانى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ چىڭخۇا - تاڭشەن ئوقۇش يۇرتى ... 

شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ چىغناق - تاغاق يېزىقى بايقالغانلىقى ۋە تەتقىقاتىغا 120 يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

# مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا خەت ئەۋەتىپ چىغناق - تاغاق يېزىقى بايقالغانلىقى ۋە تەتقىقاتىغا 120 يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ، ئۇزاقتىن بۇيان چىغناق - تاغاق يېزىقى قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋج ئالدۇرۇشقا كۈچ چىقارغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم سەممىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يىن خارابىسى چىغناق - تاغاق يېزىقىغا ئائىت مۇھىم، زور بايقاش جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. چىغناق - تاغاق يېزىقى بۈگۈنگە قەدەر جۇڭگو بايقىغان يىل دەۋرى ئەڭ بالدۇر، پىششىق يېتىلگەن يېزىق سىستېمىسى، خەنزۇچە خەتنىڭ مەنبەسى ۋە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى، تومۇرى، ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە، تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا، راۋاجلاندۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت چىغناق - تاغاق يېزىقى ۋەكىللىكىدىكى جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، كۆپ تارماق، كۆپ پەنلەر ماسلىشىپ چىغناق - تاغاق يېزىقى تەتقىقاتى ۋە قوللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم پەن ھالقىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈردى، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، چىغناق - تاغاق يېزىقى تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، چىغناق - تاغاق يېزىقى قاتارلىق قەدىمكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەڭ تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى ۋە ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## تەبرىك خەت

چىغناق - تاغاق يېزىقى بايقالغانلىقى ۋە تەتقىقاتىغا 120 يىل بولغان پەيتتە، مەن ئۇزاقتىن بۇيان چىغناق - تاغاق يېزىقى قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋج ئالدۇرۇشقا كۈچ چىقارغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەم سەممىي سالام يوللايمەن!

يىن خارابىسى چىغناق - تاغاق يېزىقىغا ئائىت مۇھىم، زور بايقاش جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. چىغناق - تاغاق يېزىقى بۈگۈنگە قەدەر جۇڭگو بايقىغان يىل دەۋرى ئەڭ بالدۇر، پىششىق يېتىلگەن يېزىق سىستېمىسى، خەنزۇچە خەتنىڭ مەنبەسى ۋە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى، تومۇرى، ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە، تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا، راۋاجلاندۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت چىغناق - تاغاق يېزىقى ۋەكىللىكىدىكى جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، كۆپ تارماق، كۆپ پەنلەر ماسلىشىپ چىغناق - تاغاق يېزىقى تەتقىقاتى ۋە قوللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم پەن ھالقىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈردى، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، چىغناق - تاغاق يېزىقى تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، چىغناق - تاغاق يېزىقى قاتارلىق قەدىمكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەڭ تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى ۋە ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، چىغناق - تاغاق يېزىقىنىڭ تارىخى ئەدىبىيەسى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ

2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىغا ئايلاندۇرىمىز

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» دېگەن ئەڭ كۈچلۈك سىگنال قويۇپ بېرىلدى. 5000 خەتتىن كۆپرەك ئومۇمىي ئاخباراتتا «تۈزۈم» دېگەن سۆز 77 قېتىم كۆرۈلدى.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىمىز.

■ روشەن ئەۋزەللىك «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتتى

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى تەرتىپچان قىلىشتا، تۈزۈمنى توغرىلاش كېرەك.

يېڭى جۇڭگو 70 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە. ئومۇمىي يىغىندا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ 13 روشەن ئەۋزەللىكى تۈنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: بۇ، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئىزدىنىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى ئومۇمىي يىغىن روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ(شۆيۈەن) مۇدىرى دۇەن لياڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى كۆپ جەھەتتە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە، بۇ روشەن ئەۋزەللىكلەر بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى. پەقەت پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، جەمئىيەت ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىناۋەتنى ئاساس قىلغان يېڭى تىپتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش چوشقا بېقىش كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ 22 - قېتىملىق يىغىنى ھەم ئېقىن رايونى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى پېڭشىن ئاقسۇ شەھىرىدە تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ 22 - قېتىملىق يىغىنى ھەم ئېقىن رايونى دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى بىرلەشمە يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۇ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

# ھەقىقىي مەسىلىنى تېپىش مەسىلىنى ھەقىقىي تۈزىتىش

## —— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك ئۇچۇر بىرسال بايان

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە ئۆلچەمگە قاتتىق توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، پىچاقنىڭ بېسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەت - بۇرچ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇلىرىغا سېلىشتۇرۇپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئوخشاش بولۇش، دەل جايىدا بولۇش، ئەمەلىي بولۇش» تەلىپى بويىچە مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي تۈزىتىپ باش تېما تەربىيەسىدە نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى.

■ پەرقلەرنى تولۇق تېپىش، مەسىلىلەرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ ئۆزئارا تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، پىكىر يولىنى كەڭ ئېچىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش - كۆزىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى دەل تېپىپ چىقتى، ئەمەلىي تېپىپ چىقتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# ئاپتونوم رايونىمىز ئاقىل ساياھەت سۇپىسى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى

## «بىر يان تېلېفون بىلەنلا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» پۈتۈن رايون ساياھەتكە قولايلىق يارىتىپ بەردى

مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئاقىل ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى رەسمىي تورغا چىقىرىلىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىنى قولاي، ئۇچۇرلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سانجى ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى چوڭ سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى. شۇ كۈنى، سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى شىنجاڭ فېيما ئاقىل ساياھەت پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن «يان تېلېفوندا سانجى ئوبلاستىنى ساياھەت قىلىش» پۈتۈن رايون ئاقىل ساياھەت سۇپىسى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

«ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق كەسىپ ھالىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە بازارنى نازارەت قىلىشنى تاماملاپ، باشقۇرغۇچىلارنى تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەتچىلەرنى ئاقىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ئاقىل ماركېتىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش» نىشانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ھازىر «بىر يان تېلېفون بىلەنلا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ئاقىل ساياھەت تورىنى پائال بەرپا قىلىپ، «بىر يان تېلېفون بىلەنلا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ئاقىل ساياھەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. بۇ تور پۇتكەندىن كېيىن، ساياھەتچىلەرنى يېتەكلەش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



موتوسىكلىتلىق شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، موتوسىكلىت ماھىرلىرى ئونسۇ چوڭ جىلغىسىغا يىغىلدى(ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). شۇ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن موتوسىكلىت ماھىرلىرى ئاقسۇ شەھىرىدىن يولغا چىقتى، ئون كۈندە موتوسىكلىتلىق ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە ئومۇمىي مۇساپە 2800 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن.

□ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى